# شى جىنپىڭ 17 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى كۆرگەزمىسى ۋە جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى سودا ھەم مەبلەغ سېلىش باشلىقلار يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بىرىنچى، ئىستراتېگىيە جەھەتتە ئۆزئارا ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى چوڭقۇر ئۇدۇللاشتۇرۇش كېرەك. قۇرۇقلۇق، دېڭىز يېڭى يولى قۇرۇلۇشىغا تايىنىپ، ئۇل ئەسلىھە جەھەتتىكى ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ھازىرقى ئىقتىساد كارىدورى ۋە نۇقتىلىق تور قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ كۆپ شەكىلدىكى بىرلەشمە توشۇش ئىتتىپاقىنى پائال بەرپا قىلىش كېرەك. كېلەر يىلىدىكى جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ سۆزلىشىش مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقىنىڭ 30 يىللىقى، جۇڭگو تەرەپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىكتە، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىشنى خالايدۇ.

ئىككىنچى، ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىنى ئاشۇرۇپ، رايون ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قايتا جانلىنىشىنى تېزلىتىش كېرەك. جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى ئەركىن سودا كېلىشىمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى يولغا قويۇش كېرەك. جۇڭگو تەرەپ «رايون ئومۇمىيۈزلۈك ئىقتىسادىي ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى كېلىشىمى»نىڭ بالدۇرراق كۈچكە ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. سودىنى راۋانلاشتۇرۇپ، مەبلەغ سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بازارنى ئۆزئارا ئېچىۋېتىپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرى، قىممەت زەنجىرىنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتىدە، تەدبىر قوللىنىپ خادىملارنىڭ بېرىش ـ كېلىشى ۋە يۈك ئوبوروتىغا قولايلىق يارىتىش كېرەك. لەنساڭجياڭ ـ مېيگوڭخې ھەمكارلىقى، جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى شەرقىي قىسىم ئېشىش رايونى ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئاشۇرۇپ، رەقەملىك ئىقتىساد ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك. ئاقىل شەھەر، 5G، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى، چوڭ سانلىق مەلۇمات، رايون ـ بۆلەك زەنجىرى، يىراقتىن داۋالاش قاتارلىق ساھەلەردە تېخىمۇ كۆپ يېڭى ھەمكارلىق يارقىن نۇقتىسى بەرپا قىلىپ، رەقەم بىخەتەرلىكىنى قوغداش ۋە سىياسەت جەھەتتىكى ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىش كېرەك. جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى ئۇچۇر پورتى قۇرۇپ، «رەقەملىك يىپەك يولى» بەرپا قىلىش كېرەك.

تۆتىنچى، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاممىۋى سەھىيە ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. سىياسەت جەھەتتىكى سۆزلىشىش، ئۇچۇردىن ھەمبەھىرلىنىش ۋە ۋاكسىنا ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش كېرەك. جۇڭگو ۋاكسىنا ئىشلىتىلىشكە كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئېھتىياجىنى پائال ئويلىشىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش فوندىنى مەبلەغ مەدەتتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىغا 1000 نەپەر سەھىيە مەمۇرىيەت خادىمى ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىمى يېتىشتۈرۈپ بېرىدۇ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە داۋالاش ماددىي ئەشيا زاپاس ساقلاش ئامبىرى ۋە ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئالاقە مېخانىزمىنى ئورتاق بەرپا قىلىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: كېلەر يىلى جۇڭگو ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايدۇ. جۇڭگو قەتئىي تەۋرەنمەي سىرتقا ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىدۇ، جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ھەمكارلىق بوشلۇقى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ.

شى جىنپىڭ ئەڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى: ئىككى تەرەپنىڭ بۇ نۆۋەتلىك كاتتا كۆرگەزمە ئارقىلىق، تېخىمۇ كۆپ سودا پۇرسىتى يارىتىپ، تېخىمۇ كۆپ نەتىجىگە ئېرىشىپ، قول تۇتۇشۇپ، تېخىمۇ گۈللەنگەن گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى بويىچە مەركەزلىك نۆۋەتلەشتۈرۈپ تەربىيەلەش كۇرسىدا مەخسۇس تېمىدا يېتەكچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ دائىمىي مۇئاۋىن رەئىسى جاڭ چۈنلىن رىياسەتچىلىك قىلدى.

شۆھرەت زاكىر مەخسۇس تېمىدا يېتەكچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى پارتىيەمىز ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسى كۆز ئالدىمىزدا تۇرغان، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى پات يېقىندا باشلىنىدىغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە ئاچقان بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم يىغىن، دۆلىتىمىز يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرىش ئالدىدا تۇرغان، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئاچقۇچلۇق مەزگىلدە تۇرۇۋاتقان پەيتتە ئاچقان بىر قېتىملىق پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك، تارىخىي خاراكتېرلىك ئەھمىيەتكە ئىگە يىغىن. 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتى ئىستراتېگىيە ۋە پۈتۈن ۋەزىيەت يۈكسەكلىكىدىن پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىلىپ، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، نىشان ـ ۋەزىپىلىرى، فاڭجېن ـ سىياسەتلىرى، ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرلىرى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تۈرتكە بولىدىغان نۇقتىلىق خىزمەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ يادرولۇق مۇھىم مەزمۇنى ۋە روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، توغرا ئىگىلەپ، كۈچەپ ئۆگىنىپ ئىگىلەش، پۇختا ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى روھىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى، شىمالىدا قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچ مۇجەسسەملەش كېرەك.

شۆھرەت زاكىر مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش سالمىقىنى زورايتىپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجىلىرىنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنى ئالغا سىلجىتىشتىكى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، ۋەزىيەت ۋە پۇرسەتنى تولۇق تونۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىشى؛ تەرەققىياتتىكى نىشان ۋە ۋەزىپىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، شىنجاڭ خىزمىتىدە تىرىشىپ يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى؛ شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىپ، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى؛ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما قىلىپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، سانائەتنىڭ ئاساسىنى كۈچەيتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش ۋە تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىكنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇشى؛ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئېچىۋېتىش ئېھتىياجىنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، ئېچىۋېتىشنى ئۆزلۈكسىز كېڭەيتىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە پائال سىڭىشىشى؛ ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنى ياخشىلاپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇشى؛ يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىشى؛ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، بايلىقنى تېجەپ ئىشلىتىش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىشنى كۈچەيتىپ، گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇشى؛ زور كۈچ بىلەن خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇپ، مائارىپ ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، داۋالاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسى ۋە ئاممىۋى بىخەتەرلىك سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇشى؛ پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنىڭ يولغا قويۇلۇشىنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

---

يېڭى باشلىنىش يېڭى مۇساپە

### ئاپتونوم رايون رەھبىرى پارتىيە كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، ئاممىۋى تەشكىلات قاتارلىق تارماق(ئورۇن)لاردا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى

# نەمۇنىلىك، باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، قەتئىي تۈردە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ **يۈفېي** خەۋەر قىلىدۇ: 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇۋەققەت باش كاتىپ سارقىت ئاقان ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى، ئاممىۋى تەشكىلات قاتارلىق تارماق(ئورۇن)لاردىكى پارتىيەلىك كادىرلارغا پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىدىن لېكسىيە سۆزلىدى.

سارقىت ئاقان پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاساسىي ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشىنىش، ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەش؛ دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، پايدىلىق شارائىتى ۋە مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تونۇش؛ 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان ۋە «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى، ئاساسلىق نىشانى، نۇقتىلىق ۋەزىپىسىنى دەل جايىدا ئىگىلەش؛ پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىشقا سەپەرۋەر قىلىش قاتارلىق بەش جەھەتتىن لېكسىيە سۆزلىدى، چۈشەندۈردى.

سارقىت ئاقان مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىش بېجىرىش ئاپپاراتى، مەركىزىي تۈگۈنلۈك ئورگىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئاممىۋى تەشكىلاتلار ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ھەر مىللەت ئامما بىلەن ئالاقە باغلىشىدىكى كۆۋرۈك ۋە ۋاستە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۈلگىلىك باشلامچىلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشتا ئالدىدا مېڭىشى، ئۈلگە بولۇشى كېرەك. نەزەرىيە ئۆگىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتۇشى كېرەك؛ تەشۋىق ـ تەربىيەنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ئامما ياقتۇرىدىغان شەكىللەرنى قوللىنىپ، يېڭى يولنى كېڭەيتىش، قاپلاش دائىرىسىنى كېڭەيتىش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، 5 ـ ئومۇمىي يىغىن روھىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك؛ قەتئىي تۈردە ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش، مۇقىملىقنى قوغداش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىقتىسادنىڭ يۇغۇرۇلۇشى سىجىل چوڭقۇرلاشتى، ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقى كۆلىمى تېزلىتىلدى، ئادەمىيەت ئالاقىسى تېخىمۇ قويۇقلاشتى. بۇ يىل تۇيۇقسىز تارقالغان يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئالدىدا، ئىككى تەرەپ ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلارنى ئورتاق يېڭىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىلىرىدىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيا تەمىناتىنى ئالغا سىلجىتىش، ۋاكسىنىنى ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىپ ئېچىش، رايون كەسىپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى ئورتاق قوغداش قاتارلىقلار توغرىسىدا نۇرغۇن مۇھىم ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلدى. بۇ نۆۋەتلىك جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى كۆرگەزمىسىدە «‹بىر بەلباغ، بىر يول›نى ئورتاق قۇرۇش، رەقەملىك ئىقتىسادنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش» باش تېما قىلىندى، بۇ، جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ رەقەملىك ئىقتىساد ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى تەرەپنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشۇش ئۈچۈندۇر. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتى ئاسىيا ـ تىنچ ئوكيان رايونى ھەمكارلىقىدىكى ئەڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ۋە ئەڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ئۈلگىگە ئايلاندى، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان جانلىق دەلىلگە ئايلاندى.

بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرمەكتە، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تەقدىرى ئەزەلدىن بۈگۈنكىدەك بۇنداق زىچ باغلانمىغان، شۇنىڭ بىلەن بىللە، دۇنيا دۇچ كېلىۋاتقان مۇقىمسىزلىق، ئېنىقسىزلىق ئامىللىرى كۆپىيىۋاتىدۇ. يېڭى ۋەزىيەتتە، جۇڭگو تەرەپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنى ئەتراپ دىپلوماتىيەسىدىكى ئالدىنقى يۆنىلىش ۋە «بىر بەلباغ، بىر يول»نى يۇقىرى سۈپەتلىك ئورتاق قۇرىدىغان نۇقتىلىق رايون دەپ قاراپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى قوللايدۇ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي ئاسىيا ھەمكارلىقىدىكى مەركىزىي ئورنىنى قوللايدۇ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئېچىۋېتىشچان، سىغدۇرۇشچان رايون رامكىسى بەرپا قىلىشتا داۋاملىق تېخىمۇ چوڭ رول ئوينىشىنى قوللايدۇ. رەئىس شى جىنپىڭ تېخىمۇ زىچ بولغان جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇش توغرىسىدا تۆت نۇقتىلىق تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى: ئىستراتېگىيە جەھەتتە ئۆزئارا ئىشەنچنى ئاشۇرۇپ، تەرەققىيات يىرىك پىلانىنى چوڭقۇر ئۇدۇللاشتۇرۇش؛ ئىقتىساد ـ سودا ھەمكارلىقىنى ئاشۇرۇپ، رايون ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قايتا جانلىنىشىنى تېزلىتىش؛ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشنى ئاشۇرۇپ، رەقەملىك ئىقتىساد ھەمكارلىقىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش؛ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاممىۋى سەھىيە ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش. بۇ تۆت نۇقتىلىق تەشەببۇس جۇڭگونىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق دۇنيا ئىقتىسادى ئۈچۈن ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قېزىش، خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ئۈچۈن بوشلۇق كېڭەيتىش، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ئۈچۈن بەخت ـ سائادەت يارىتىش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشقانلىقىدەك چوڭ دۆلەت مەسئۇلىيەتچانلىقىنى تولۇق نامايان قىلىپ بەردى.

تېخىمۇ زىچ بولغان جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇشتا، جۇڭگو سەممىي ئارزۇسىنى نامايان قىلدى، بىر قاتار ئەمەلىي ھەرىكەتلەرنى قوللىنىدۇ. جۇڭگو تەرەپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىكتە، قۇرۇقلۇق، دېڭىز يېڭى يولى قۇرۇلۇشىغا تايىنىپ، تۆمۈريول، تاشيول، پورت، ئايروپورت، ئېلېكتر ـ ئېنېرگىيە، خەۋەرلىشىش قاتارلىق ئۇل ئەسلىھەلەردە ئالاقىنى راۋانلاشتۇرۇش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ھازىر بار بولغان ئىقتىساد كارىدورى ۋە نۇقتىلىق تور قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ كۆپ شەكىلدىكى بىرلەشمە توشۇش ئىتتىپاقىنى پائال بەرپا قىلىپ، كېلەر يىلىدىكى جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ سۆزلىشىش مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتىنى لايىھەلەپ ۋە ياخشى ئۆتكۈزۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى بەرپا قىلىشنى خالايدۇ؛ جۇڭگو تەرەپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى ئەركىن سودا رايونىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇپ چىقىلغانلىقىنىڭ ئون يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى ئەركىن سودا كېلىشىمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى يولغا قويۇشنى خالايدۇ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىكتە قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، سودىنى راۋانلاشتۇرۇپ، مەبلەغ سېلىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بازارنى ئۆزئارا ئېچىۋېتىپ، ئىككى تەرەپنىڭ كەسىپ زەنجىرى، تەمىنات زەنجىرى، قىممەت زەنجىرىنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ؛ جۇڭگو تەرەپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ، ئاقىل شەھەر، 5G، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى، چوڭ سانلىق مەلۇمات، رايون ـ بۆلەك زەنجىرى، يىراقتىن داۋالاش قاتارلىق ساھەلەردە تېخىمۇ كۆپ يېڭى ھەمكارلىق يارقىن نۇقتىسى بەرپا قىلىپ، رەقەم بىخەتەرلىكىنى قوغداش ۋە سىياسەت جەھەتتىكى ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى ئۇچۇر پورتى قۇرۇپ، «رەقەملىك يىپەك يولى» بەرپا قىلىشنى خالايدۇ؛ جۇڭگو تەرەپ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى بىلەن بىرلىكتە ئاممىۋى سەھىيە ساھەسىدىكى سىياسەت جەھەتتىكى سۆزلىشىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇچۇردىن ھەمبەھىرلىنىش ۋە ۋاكسىنا ئىشلەپچىقىرىش، تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئىشلىتىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشنى خالايدۇ، ۋاكسىنا ئىشلىتىلىشكە كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنىڭ ئېھتىياجىنى پائال ئويلىشىپ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش فوندىنى مەبلەغ مەدەتتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىغا 1000 نەپەر سەھىيە مەمۇرىيەت خادىمى ۋە كەسپىي تېخنىكا خادىمى يېتىشتۈرۈپ بېرىدۇ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە داۋالاش ماددىي ئەشيا زاپاس ساقلاش ئامبىرى ۋە ئاممىۋى سەھىيە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئالاقە مېخانىزمىنى ئورتاق بەرپا قىلىدۇ.

ئېچىۋېتىش دۆلەتنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى، بېكىنمىچىلىك مۇقەررەر ئارقىدا قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كېلەر يىلى جۇڭگو ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىش بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى پائال بەرپا قىلىدۇ. جۇڭگو سىرتقا ئېچىۋېتىشنى قەتئىي تەۋرەنمەي كېڭەيتىپ، دۆلەت ئىچى، خەلقئارا ئىقتىسادنىڭ ھەمتۈرتكە ئۈنۈم ئېففېكتىنى كۈچەيتىپ، ئۆزىنىڭ قايتا جانلىنىشى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ئورتاق قايتا جانلىنىشىغا تۈرتكە بولىدۇ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر بۇنىڭدىن نەپكە ئېرىشىدۇ. كەلگۈسىگە نەزەر سالغاندا، جۇڭگونىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى بىلەن بولغان ھەمكارلىق بوشلۇقى تېخىمۇ كېڭىيىدۇ. ھەرقايسى تەرەپلەر ئورتاق تىرىشىپ، قول تۇتۇشۇپ تېخىمۇ زىچ بولغان جۇڭگو ـــ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا دۆلەتلىرى ئىتتىپاقى تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى قۇرغاندىلا، چوقۇم تېخىمۇ گۈللەنگەن، گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق قۇرۇپ چىقالايدۇ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**